# شى جىنپىڭ يامايكا زۇڭلىسى ھولنېس بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شاڭخەي، 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار ليۇ خۇا، ياڭ جىنجى)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى شاڭخەيدە يامايكا زۇڭلىسى ھولنېس بىلەن كۆرۈشتى. ئىككى تەرەپ ئىككى دۆلەت ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرغان دوستانە ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋەتكە يۈكسەلدۈرۈشكە قوشۇلدى.

شى جىنپىڭ ھولنېسنىڭ جۇڭگوغا كېلىپ 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىشىنى ھەم جۇڭگودا رەسمىي زىيارەتتە بولۇشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن يامايكا ئوخشاشلا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە تەۋە، ھەممىسى ئۆز تەرەققىياتىنىڭ ئاچقۇچلۇق باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئىككى دۆلەت ھەمكارلىقى غايەت زور يوشۇرۇن كۈچكە ۋە كەڭ ئىستىقبالغا ئىگە. ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشىپ، يېڭى مەزگىلدىكى جۇڭگو ـ يامايكا ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو ـ يامايكا ئىككى تەرەپ يۇقىرى قاتلام ئالاقىسىنى ساقلاپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تەرەققىيات ئىستراتېگىيەلىرىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى پۇرسەت بىلىپ، ھەمكارلىق سۈرئىتىنى ئاشۇرۇش، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئادەمىيەت ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ يامايكىغا بېرىپ مەبلەغ سېلىشىنى قوللايدۇ، يامايكىنىڭ تېخىمۇ كۆپ خاس ئەۋزەل مەھسۇلاتلىرىنىڭ جۇڭگوغا كىرىشىنى قارشى ئالىدۇ. جۇڭگو تەرەپ يامايكا تەرەپ بىلەن بىللە، جۇڭگونىڭ كارىب دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشقا كۈچ چىقىرىپ ھەم خەلقئارا ۋە كۆپ تەرەپلىك ساھەلەر ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، كۆپ تەرەپچىللىك ۋە كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى ئورتاق قوغداپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى قوغداشنى خالايدۇ.

ھولنېس مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە تەكلىپكە بىنائەن جۇڭگودا زىيارەتتە بولغانلىقىم ھەم 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىدىغانلىقىمدىن ئىنتايىن شەرەپ ھېس قىلىمەن. جۇڭگونىڭ 70 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىلگەن 40 نەچچە يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرى دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان بولۇپ، نەچچە يۈز مىليونلىغان خەلقنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردى، شۇنداقلا يەر شارىۋى ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، يامايكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنى نەپكە ئېرىشتۈردى، يامايكا تەرەپ بۇنىڭغا چىن قەلبىدىن قايىل. سىزنىڭ خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىشىڭىز يىراقنى كۆرەرلىكىڭىزنى نامايان قىلدى. جۇڭگونىڭ دۇنياغا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بازارنى ئېچىۋېتىشى يەر شارىۋى ئىقتىسادنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرىدۇ. يامايكا تەرەپ جۇڭگونىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرەققىيات تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش، ئۆرنەك ئېلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشقا پائال قاتنىشىپ، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، ئەشيا ئوبوروتى، ساياھەت، مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىق، ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ. يامايكا تەرەپ كۆپ تەرەپچىللىكنى قەتئىي قوللايدۇ، كارىب رايونى دۆلەتلىرىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئويناشنى خالايدۇ.

دىڭ شۆشياڭ، لى چياڭ، ياڭ جېيچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

# شى جىنپىڭ گرېتسىيە زۇڭلىسى مىتسوتاكىس بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شاڭخەي، 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىرلار ليۇ خۇا، لۇ ۋېنجۈن)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى شاڭخەيدە گرېتسىيە زۇڭلىسى مىتسوتاكىس بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ مىتسوتاكىسنىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن جۇڭگوغا كەلگەنلىكىنى قارشى ئالدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگونىڭ ئىمپورت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈشى جۇڭگونىڭ سودىنى ئەركىنلەشتۈرۈش ۋە ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشىنى قەتئىي قوللايدىغان، تەشەببۇسكارلىق بىلەن دۇنياغا بازارنى ئېچىۋېتىدىغان مۇھىم، زور تەدبىرى بولۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىساد سودا ئالماشتۇرۇش ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقئارا سودا ۋە دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. بىز گرېتسىيەنىڭ ئاساسلىق مېھمان دۆلەت سۈپىتىدە ئىمپورت كۆرگەزمىسىدىن ئىبارەت بۇ سۇپىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو ئىستېمالچىلىرىغا ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك خاس مەھسۇلاتلىرىنى پائال تونۇشتۇرۇشىنى قارشى ئالىمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو ـ گرېتسىيە مۇناسىۋىتى ئەنئەنىۋى دوستانە بولۇپ، ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى چۈشىنىدۇ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدۇ، سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزئارا ئىشىنىشى مۇستەھكەم، ھەمكارلىق ئاساسى ياخشى. جۇڭگو تەرەپ گرېتسىيە تەرەپ بىلەن بىللە يۇقىرى قاتلام ئالاقە ۋەزىيىتىنى ساقلاپ، دوستلۇق ۋە ئۆزئارا ئىشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەمەلىي ھەمكارلىققا تۈرتكە بولۇشنى، بولۇپمۇ پىرائېيۇس پورتى تۈرىنىڭ يېتەكچىلىك ۋە ئۈلگىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇپ، ئېنېرگىيە، قاتناش، خەۋەرلىشىش قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقتا تېخىمۇ كۆپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە كۈچەپ تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ. جۇڭگو بىلەن گرېتسىيە ئوخشاشلا مەدەنىي قەدىمىي دۆلەتلەر بولۇپ، ئىككى تەرەپ ئادىمىيەت ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەدەنىيلىك سۆزلىشىش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، مۇھىم، زور خەلقئارا مەسىلىلەردە ئالاقە، ماسلىشىشنى ساقلىشى كېرەك. گرېتسىيەنىڭ جۇڭگو ـــ ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا ھەمكارلىق مېخانىزمىغا قاتنىشىشىنى قارشى ئالىدۇ، گرېتسىيەنىڭ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

مىتسوتاكىس مۇنۇلارنى بىلدۈردى: گرېتسىيەنىڭ چوڭ تىپتىكى ئىقتىساد سودا ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن جۇڭگوغا كەلگەنلىكىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن. گرېتسىيە بىلەن جۇڭگو ئوخشاشلا مەدەنىي قەدىمىي دۆلەتلەر، ئىككى دۆلەتنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقى خەلققە نەپ يەتكۈزىدۇ، بولۇپمۇ پىرائېيۇس پورتى تۈرى «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشتىكى بايراقدار تۈرگە ئايلاندى. گرېتسىيە جۇڭگوغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، جۇڭگونىڭ تەرەققىيات ئىدىيەسى ۋە قولغا كەلتۈرگەن تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئالقىشلايدۇ، جۇڭگونىڭ ئىشەنچلىك ھەمكارلىق ھەمراھى بولۇپ، جۇڭگونىڭ يادرولۇق مەنپەئىتىگە چېتىشلىق مەسىلىلەردە جۇڭگو تەرەپنى قەتئىي قوللايدۇ. گرېتسىيە خەلقى رەئىس شى جىنپىڭنىڭ گرېتسىيەدە بالدۇرراق زىيارەتتە بولۇشىنى قىزغىن ئۈمىد قىلىدۇ. گرېتسىيە داۋاملىق جۇڭگوغا ئېچىۋېتىلىدۇ، جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشىنى قارشى ئالىدۇ. گرېتسىيە جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىللە كۆپ تەرەپچىللىكنى قوغداپ، ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان ھەمكارلىقىغا پائال قاتنىشىدۇ. گرېتسىيە ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ كەلگۈسى تېخىمۇ پارلاق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

دىڭ شۆشياڭ، لى چياڭ، ياڭ جېيچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

# شى جىنپىڭ سېربىيە زۇڭلىسى برنابىچ بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شاڭخەي، 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىرلار ليۇ خۇا، خې شىنرۇڭ)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى شاڭخەيدە سېربىيە زۇڭلىسى برنابىچ بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ برنابىچتىن زۇڭتۇڭ ۋۇچىچقا سەممىي سالىمى ۋە ياخشى تىلىكىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئۈمىد قىلدى. شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: زۇڭتۇڭ ۋۇچىچنىڭ زۇڭلى خانىمنى ئۆمەك باشلاپ 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن جۇڭگوغا ئەۋەتىشنى قارار قىلىشى سېربىيە تەرەپنىڭ جۇڭگو ـ سېربىيە ھەمكارلىقىغا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى. جۇڭگو تەرەپ سېربىيە تەرەپ بىلەن سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشىنىش ۋە ئەنئەنىۋى دوستلۇقنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قول تۇتۇشۇپ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇپ، جۇڭگو ـ سېربىيە ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ زىچ مەنپەئەت ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو ـ سېربىيە ئىككى تەرەپ يۇقىرى قاتلام ئالاقىسى ۋەزىيىتىنى ساقلاپ، بىر ـ بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئىتىنى قەتئىي قوللىشى كېرەك. ئىككى دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىق چوڭ تۈرلىرىنى ياخشى ئىشلەپ، پۇختا ئىشلەپ، سمېدېرېۋو پولات زاۋۇتى، ۋېنگرىيە ـ سېربىيە تۆمۈريولى قاتارلىق بەلگە خاراكتېرلىك تۈرلەرنى ئورتاق بەرپا قىلىپ، بەشىنچى ئەۋلاد كۆچمە خەۋەرلىشىش تورى، ئاقىل شەھەر قاتارلىق ساھەلەردە داۋاملىق ياخشى ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك. كۆپ تەرەپلىك ساھەلەر ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانى ۋە كۆپ تەرەپچىللىكنى ئورتاق قوغدىشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ سېربىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالاقىدار ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، جۇڭگو ـــ ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ھەمكارلىقىنىڭ مۇقىم تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

برنابىچ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: سېربىيە بىلەن جۇڭگو «پولاتتەك دوستلۇق»قا ئىگە، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى تارىختىكى ئەڭ ياخشى مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ، سمېدېرېۋو پولات زاۋۇتى قاتارلىق چوڭ تۈرلەر سېربىيەنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، سېربىيە خەلقىگە سېربىيە ـ جۇڭگو ھەمكارلىقى ئېلىپ كەلگەن بەخت ـ سائادەتنى بارغانسېرى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرماقتا. سېربىيە تەرەپ جۇڭگو قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە قايىل، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشقا داۋاملىق پائال قاتنىشىپ، جۇڭگو شىركەتلىرىنىڭ سېربىيەگە بېرىپ مەبلەغ سېلىشىنى، ھەمكارلىشىشنى قوللايدۇ، ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان ھەمكارلىقىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن ئاكتىپ رول ئويناشنى خالايدۇ. جۇڭگونىڭ ئىمپورت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈشى سىرتقا ئىقتىسادنى دۇنياۋىلاشتۇرۇشقا ۋە سودىنى ئەركىنلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ كۈچلۈك سىگنالىنى تارقاتتى، سېربىيە تەرەپ داۋاملىق ئاكتىپ قاتنىشىپ، جۇڭگو بىلەن بىللە خەلقئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، يەككە تەرەپچىللىك، قورۇقچىلىققا قارشى تۇرىدۇ.

دىڭ شۆشياڭ، لى چياڭ، ياڭ جېيچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

# شى جىنپىڭ لىنجېڭ يۆئې بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شاڭخەي، 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كەچتە، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ شاڭخەيدە 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىدىغان شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرى لىنجېڭ يۆئې بىلەن كۆرۈشتى.

لىنجېڭ يۆئېنىڭ شياڭگاڭنىڭ يېقىنقى مەزگىلدىكى ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شياڭگاڭدا «نىزامىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش سەۋەبىدىن كۆرۈلگەن مالىمانچىلىق» يۈز بەرگەن بەش ئاي داۋاملاشتى، سىز ئالاھىدە رايون ھۆكۈمىتىنى يېتەكلەپ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، تىرىشىپ ۋەزىيەتنى كونترول قىلىپ، جەمئىيەت كەيپىياتىنى ياخشىلاپ، نۇرغۇن جاپالىق خىزمەت ئىشلىدىڭىز. مەركەز سىزگە يۈكسەك ئىشىنىدۇ، سىزنىڭ ۋە باشقۇرۇش كوللېكتىپىڭىزنىڭ خىزمىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. زوراۋانلىقنى تىزگىنلەش، قالايمىقانچىلىقنى تۈزەش، تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يەنىلا شياڭگاڭنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى قانۇن بويىچە توسۇش ۋە جازالاش شياڭگاڭدىكى كەڭ ئاممىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى قوغدىغانلىق، بۇنىڭدا قەتئىي تەۋرەنمەسلىك كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە بىلەن سۆھبەتلىشىش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. شياڭگاڭ جەمئىيىتىدىكى ھەر ساھە زاتلارنىڭ «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» فاڭجېنى ۋە نېگىزلىك قانۇننى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، شياڭگاڭنىڭ گۈللىنىشى ۋە مۇقىملىقىنى ئورتاق قوغدىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جېيچى، ۋاڭ يى، جاۋ كېجى قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋە كارخانىلارنى كەڭ قاتنىشىشقا تېز جەلپ قىلىپ، يەر شارىۋى سودا تەرەققىيات تارىخىدىكى بىر چوڭ ئىجادىيەتكە ئايلاندى، يېڭى دەۋردىكى خەلقئارا ھەمكارلىقنىڭ يەنە بىر مۇھىم سۇپىسىغا ئايلاندى. جۇڭگونىڭ خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈپ، ئىمپورتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن كېڭەيتىشى يېڭى بىر نۆۋەتلىك يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىشكە تۈرتكە بولۇش، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش خەلقئارا ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادىنى ئورتاق بەرپا قىلىشنى كۆزلىگەن تەشەببۇسكار ھەرىكىتى. جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىدە سودىلىشىدىغىنى تاۋار ۋە مۇلازىمەت، ئالماشتۇرىدىغىنى مەدەنىيەت ۋە ئىدىيە، كۈتۈۋالىدىغىنى بەش قىتئەدىكى مېھمانلار، كۆزلەيدىغىنى پۈتۈن دۇنيانىڭ مەنپەئىتى، ئۈمىد قىلىدىغىنى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى. «دولقۇن ئۆرلەپ كۆرۈندى دەريا يۈزى بىپايان، ئوڭ شامالدا كېمىلەر يەلكەن ئاچتى بەخىرامان.» بىز ھەمكارلىق يەلكىنىنى ئورتاق چىقىرىپ، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ شەرق شامىلىغا ئەگىشىپ، دۇنيا ئىقتىسادى كېمىسىنىڭ يەلكەن چىقىرىپ يىراق سەپەرگە ئاتلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ھاياتىي كۈچكە تولغان باھارغا يۈرۈش قىلايلى.

زىياپەت شاد ـ خۇرام، ئىناق كەيپىياتتا ئۆتكۈزۈلدى. كۆپچىلىك بىرلىكتە قەدەھ كۆتۈرۈپ، 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى ئالدىن تەبرىكلىدى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى، گۈللىنىشى، خەلقلىرىنىڭ بەختلىك، ئامان، ساغلام بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

دىڭ شۆشياڭ، لى چياڭ، ياڭ جېيچى، خۇ چۈنخۇا، خۇاڭ كۈنمىڭ، ۋاڭ يى، جاۋ كېجى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتكە قاتناشتى.

مەركەز «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنۇتماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئۇقتۇرۇش بېسىپ تارقاتتى

# 1 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى ئورۇنلىرىنىڭ تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى «قايتا قاراپ چىقىلدۇ»

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** يېقىندا مەركەز «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنۇتماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «1 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى ئورۇنلىرىنىڭ تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىغا ‹قايتا قاراپ چىقىش› توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقىتىپ، 1 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى ئورۇنلىرىدىن شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، قەلبلەرگە سىڭىشىگە، ئەمەلىيلىشىشىگە سىجىل تۈرتكە بولۇش ئەھۋالى، تۈزىتىش لايىھەسىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى، مەخسۇس تۈزەشنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى، يۇقىرى ـ تۆۋەن ھەمتۈرتكە بولۇپ تۈزەش ئەھۋالىغا «قايتا قاراپ چىقىپ»، ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈرۈشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، چوڭقۇر ئانالىز قىلىپ، ھۆكۈم قىلىپ، تۈزىتىشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسى، ئېرىشىش تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، قەلبلەرگە سىڭىشىگە، ئەمەلىيلىشىشىگە سىجىل تۈرتكە بولۇش ئەھۋالىغا «قايتا قاراپ چىقىش» كېرەك. نۇقتىلىق ھالدا باش تېما تەربىيەسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇسۇل ۋە تەجرىبىلىرىدىن ئاڭلىق ھالدا ياخشى پايدىلىنىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى سىجىل، چوڭقۇر ئۆگەنگەن ـ ئۆگەنمىگەنلىكىگە، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان سۆزى قاتارلىق ئەڭ يېڭى مۇھىم سۆزلەرنى يېتىشىپ ئۆگەنگەن ـ ئۆگەنمىگەنلىكىگە، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شۇ رايون، شۇ ساھەنىڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقىنىڭ روھىنى ئۆگەنگەن ـ ئۆگەنمىگەنلىكىگە؛ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىدىن پايدىلىنىپ ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتا يېڭى ئىلگىرىلەش، يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرگەن ـ كەلتۈرمىگەنلىكىگە؛ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش تەلىپىنى مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىش، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتىكى ئەمەلىي ھەرىكىتىدە ئەمەلىيلەشتۈرگەن ـ ئەمەلىيلەشتۈرمىگەنلىكىگە قاراش كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: تۈزىتىش لايىھەسىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىغا «قايتا قاراپ چىقىش» كېرەك. نۇقتىلىق ھالدا تۈزىتىش لايىھەسىدە ئايدىڭلاشتۇرۇلغان تۈزىتىش ۋەزىپىلىرى ۋە ۋاقىت چېكى تەلىپى بويىچە بىر تۈر ـ بىر تۈردىن ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتقان ـ تۇتمىغانلىقىغا، جايىدا تۈزەتكەن ـ تۈزەتمىگەنلىكىگە؛ پارتكوم(پارتگۇرۇپپا)دىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلارنىڭ باشلامچىلىق بىلەن تۈزەتكەن ـ تۈزەتمىگەنلىكىگە، ئۆزى تۇتقان ـ تۇتمىغانلىقىغا، بەنزە ئەزالىرىنىڭ ئۆزىدىكى مەسىلىلەرنى پۇختا تۈزەتكەن ـ تۈزەتمىگەنلىكىگە ھەم مەسئۇل ساھە ، ئورۇنلارنىڭ تۈزىتىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتقان ـ تۇتمىغانلىقىغا؛ ئاشكارا تۈزىتىش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاممىدىن كەڭ دائىرىدە پىكىر ئالغان ـ ئالمىغانلىقىغا، تۈزىتىش ئەھۋالىنى مۇۋاپىق دائىرىدە ئېلان قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرى، ئاممىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلغان ـ قىلمىغانلىقىغا قاراش كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: مەخسۇس تۈزەشنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىغا «قايتا قاراپ چىقىش» كېرەك. نۇقتىلىق ھالدا مەركەز بېكىتكەن ھەرقايسى مەخسۇس تۈزەشلەردە تۈرلەشتۈرۈش شەكلىدە ئالغا سىلجىتىش يولىغا قويۇلغان ـ قويۇلمىغانلىقىغا، ھەربىر مەخسۇس تۈزەش كېسىشىش نۇقتىسىنى توغرا تېپىپ، تەپسىلىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، ماددىمۇ ماددا، تۇرمۇتۇر تۈزىتىلگەن ـ تۈزىتىلمىگەنلىكىگە؛ بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، تەلەپنىڭ ئەمەلىيلەشكەن ـ ئەمەلىيلەشمىگەنلىكىگە، مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنغان ـ قىلىنمىغانلىقىغا، ھازىرقى ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولغان ـ بولمىغانلىقىغا، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمەت مېخانىزمىنىڭ تاكامۇللاشتۇرۇلغان ـ تاكامۇللاشتۇرۇلمىغانلىقىغا، مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن ـ مۇكەممەللەشتۈرۈلمىگەنلىكىگە؛ ئاما ئەڭ جىددىي، ئەڭ ئەندىشە قىلىۋاتقان، ئەڭ تەقەززا بولۇۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ ئۈنۈملۈك ھەل قىلىنغان ـ قىلىنمىغانلىقىغا، ئاممىنىڭ رازى بولغان ـ بولمىغانلىقىغا قاراش كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىكتە ھەرىكەتكە كېلىپ تۈزىتىش ئەھۋالىغا «قايتا قاراپ چىقىش» كېرەك. نۇقتىلىق ھالدا ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلىك پارتكوملارنىڭ ئۆلكە، شەھەر، ناھىيەدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىكنىڭ بىرلىكتە ھەرىكەتكە كېلىپ تۈزىتىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ياخشى تۇتۇپ، بىرلىكتە ھەرىكەتكە كېلىپ تۈزىتىش تۈر تىزىملىكىنى تۈزۈپ چىققان ـ چىقمىغانلىقىغا ھەم تەشكىللەپ يولغا قويغان ـ قويمىغانلىقىغا؛ ساھە سىستېمىلىرىنىڭ دىققەتنى ئاساسىي قاتلام ۋە ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىكتە ھەرىكەتكە كېلىپ تۈزىتىش زۆرۈر بولغان نۇقتىلىق تۈرلەرنى بېكىتكەن ـ بېكىتمىگەنلىكىگە ھەم تۈزىتىشنى ياخشى تۇتقان ـ تۇتمىغانلىقىغا؛ 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىدە تەكشۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئىپادىسى ئاساسىي قاتلامدا، يىلتىزى يۇقىرىدا بولۇش» مەسىلىلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تونۇغان ـ تونۇمىغانلىقىغا، كۆچىنى بىرلەشتۈرۈپ ھەل قىلغان ـ قىلمىغانلىقىغا قاراش كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: «قايتا قاراپ چىقىش»تا، ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈرۈشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇش كېرەك، رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىري كادىرلار «قايتا قاراپ چىقىش»نى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بويىچە تۈرمۇتۈر ئېنىقلاپ، رەتلەپ چىقىپ، قايسىلىرىنىڭ تاماملانغانلىقىغا، قايسىلىرىنىڭ ئالغا سىلجىتىلىۋاتقانلىقىغا، قايسىلىرىنىڭ تېخى ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىگەنلىكىگە قاراش كېرەك. چوڭقۇر ئانالىز قىلىپ، ھۆكۈم قىلىپ، رەھبەرلىك بەنزىسى يىغىن ئېچىپ، ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىغا قارىتا ئانالىز قىلىپ، ھۆكۈم قىلىپ، ھەققەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا نەتىجە ـ ئۈنۈمنى باھالاپ، ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە سەۋەبلەرنى ئانالىز قىلىش كېرەك. تۈزىتىشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۈنۈمى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان، ئاما رازى بولمىغانلىرىغا قارىتا «قايتا قاراپ چىقىپ»، «دەرس تولۇقلاش»؛ يېڭى بايقالغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىشكە قوشۇپ كىرگۈزۈش كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوم (پارتگۇرۇپپا)لار يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، «قايتا قاراپ چىقىش»نى كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇشى كېرەك. پارتكوم (پارتگۇرۇپپا) شۇجىلىرى بىرىنچى مەسئۇل كىشىلىك ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك. ھەرقايسى رايون، ھەرقايسى تارماق، ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى مەخسۇس كۈچ تەشكىللەپ، كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇق، تەستىقىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، بىر دەرىجە تۆۋەن پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ تۈزىتىش ۋەزىپىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ئۆتكەلنى ئېگىلىشى كېرەك. «قايتا قاراپ چىقىش»تىكى شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش كېرەك، ئىشخانىدا ئولتۇرۇۋېلىپ «ھېسابات دەپتىرىدە ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈرۈش»كە، «ماتېرىيالدا ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈرۈش»كە بولمايدۇ، تۆۋەن دەرىجىلىكنىلا تۇتۇپ تەڭ دەرىجىلىكنى تۇتماسلىققا بولمايدۇ.